


# داللىدا يىلتىز تارتىش چېگرا رايونىغا مۇلازىمەت قىلىش

## ـــ شىخەنزە داشۆسىنىڭ 70 يىللىق «پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق چېگرانى گۈللەندۈرۈش» خاتىرىسى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى گاۋ خەن، پەن يىلىك

مەكتەپ قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، «چۆلدىكى مەرۋايىت» شىنجاڭ شىخەنزە شەھىرىگە جايلاشقان شىخەنزە داشۆسى «بىڭتۈەن روھى ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىشقا مۇلازىمەت قىلىش»تەك مەكتەپ باشقۇرۇش خاسلىقىغا ئەمەل قىلىپ، جەمئىيەتكە جەمئىي 168 مىڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا غايەت زور تۆھپە قوشتى.

70 ياش، شىخەنزە داشۆسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، دەل ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان، جاسارەتكە تولغان مەزگىل. 70 يىلدىن بۇيان، شىخەنزە داشۆسىنىڭ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلىرى جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، ئادەم تەربىيەلەپ، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلدى.

### ■ كىچىك شەھەردىكى داشۆ چۆل ـ باياۋاندا مەكتەپ قۇرۇش

«چۆللۈكتە، بوستانلىقتا ئۇلۇغ ئارزۇ ياشلىق باھارىمنى ئۇرغۇتتى؛ بۇ يەردە چۆل ـ جەزىرە ئويغىتىلدى، بۇ يەردە مەدەنىيلىك نۇر چاچتى.» كۆرەش ھېكايىسى «شىخەنزە داشۆسىنىڭ مەكتەپ ناخشىسى»غا كىرگۈزۈلدى، پېشقەدەم ئەجدادلارنىڭ ئىپتىخارلىقى سەھەردە مەكتەپتە ياڭرىدى.

1949 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، ئازادلىق ئارمىيە شىنجاڭغا كىرىپ ئورۇنلاشش سەپىرىدە قىسىم بىلەن يەرلىكنىڭ ھەممىسىدە تېببىي خادىملار كەمچىل بولۇپ، بىرەر مەكتەپنىڭ شۇ جاينىڭ داۋالاش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشى جىددىي زۆرۈر ئىدى. مۇشۇنداق ئارقا كۆرۈنۈشتە، گېنېرال ۋاڭ جېن قاتارلىق پېشقەدەم بىر ئەۋلاد ئىنقىلابچىلار جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 1 ـ بىڭتۈەنىنىڭ سەھىيە مەكتىپىنى قۇرۇشقا تەييارلىق كۆردى، كېيىن قىسىمنىڭ چۆلدە بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈشكە ئەگىشىپ، مەكتەپ تەرەققىي قىلىپ شىخەنزە تېببىي شۆيۈەنگە ئايلاندى.

بۈگۈنكى كۈندە دۆلەتنىڭ «211» قۇرۇلۇشىدىكى نۇقتىلىق قۇرۇلۇۋاتقان ئالىي مەكتەپ شىخەنزە داشۆسى 1996 ـ يىلى شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى باشقۇرۇشىدىكى تۆت ئالىي مەكتەپ ـــ شىخەنزە يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنى، شىخەنزە تېببىي شۆيۈەنى، شىنجاڭ بىڭتۈەن ئىقتىساد تېخنىكوم مەكتىپى، شىنجاڭ بىڭتۈەن سىفەن تېخنىكوم مەكتىپىنى بىرلەشتۈرۈپ قايتا تەشكىللەش ئارقىلىق قۇرۇلغان.

شىخەنزە داشۆسىنىڭ مەكتەپ تارىخى سارىيىدىكى ھەربىر پارچە تارىخىي سۈرەت، ھەربىر پارچە مەكتەپ كۆرۈنۈشى بۇ داشۆنىڭ سانسىز كەچۈرمىشى ۋە شەرىپى، ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئېنىق بايان قىلىپ بەرمەكتە. سارغىيىپ كەتكەن بىر پارچە رەڭسىز سۈرەتتە، مەكتەپ دەسلەپ قۇرۇلغاندىكى جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىلگىرىلەش خاتىرىلەنگەن.

ئۇ چاغدا، بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش يېڭى شەھىرى شىخەنزىدە تۇرمۇش جاپالىق ئىدى، ھەتتا كىيىنىش ـ تويۇنۇشمۇ مەسىلە ئىدى، گېنېرال ۋاڭ جېن ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى مەكتەپتە ئاشلىق تېرىپ، «پارتىيەمىز ۋە ئارمىيەمىزنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش شەرەپلىك ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئوقۇتۇش بىلەن ئىشلەپچىقىرىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش»كە چاقىرىق قىلغان. ئېگىلمەس ـ سۇنماس «بىڭتۈەن روھى»غا تايىنىپ، بۇ ياش مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلار بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەرگە ئوخشاش ئۆل سېلىپ، تۇرۇبا ياتقۇزۇش ئېرىقچىسى كولاپ، ئوقۇتۇش قوراللىرىنى ياساپ، بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتكەچ، بىر تەرەپتىن مەكتەپ قۇرغان. 1959 ـ يىلدىن 1965 ـ يىلغىچە، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپ قۇرۇش ئەمگىكى كۈن سانى جەمئىي 47 مىڭ كۈنگە يەتكەن.

70 يىلدىن بۇيان، نەچچە ئەۋلاد كىشىنىڭ بوشاشماي كۈرەش قىلىشى ئارقىلىق، چۆللۈكتە قەد كۆتۈرگەن بۇ مەكتەپ ئادەتتىكى چېگرا رايون داشۆسىدىن تەرەققىي قىلىپ ئىقتىساد، مائارىپ، باشقۇرۇش، سەنئەت قاتارلىق كۆپ پەن تەسىس قىلىنغان ئۇنىۋېرسال داشۆگە ئايلىنىپ، «پەن ـ مائارىپ ئارقىلىق چېگرانى گۈللەندۈرۈش»نى ئاقىللار ئامبىرى كاپالىتى ۋە ئىختىساسلىقلار تىرىكى بىلەن تەمىنلىدى.

### ■ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ـ چېگرا رايونلارغا ياردەم بېرىش ئالدىنقىلارنىڭ ئىزىنى كېيىنكىلەر بېسىپ مائارىپنى گۈللەندۈرۈش

«ئاتا ـ ئانىدىن خوشلىشىپ، يۇرتىمىزدىن ئايرىلدۇق، تولۇن ئاينى ھەمراھ قىلىپ، چېگرا رايونغا ئاتلاندۇق.» خۇددى شىخەنزە داشۆسىنىڭ مەكتەپ ناخشىسىدا ئېيتىلغاندەك، 1960 ـ يىلدىن بۇيان، ئەۋلادمۇئەۋلاد شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار تاغۇ ـ دەريالاردىن ھالقىپ تيانشان ئېتىكىگە كېلىپ، چېگرا رايوندا يىلتىز تارتىپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشتىن ئىنچىكە ئىش تەقسىملەشكىچە، ئىختىساسلىقلارنى تەربىيەلەشتىن پەنلەر قۇرۇلۇشىغىچە، ئوقۇتۇشتىن پەن تەتقىقات ئارقىلىق ساھەلەر بويىچە نىشانلىق ياردەم بېرىشكىچە شىخەنزە داشۆسىنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشماقتا.

بەش يىل ئىلگىرى، جياڭنەن داشۆسىنىڭ دوتسېنتى تاۋ چيەن ۋۇشىدىن شىخەنزىگە كېلىپ، دەرس ئاڭلاپ، ئوقۇتۇش ـ تەتقىقات يىغىنى ئېچىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سىرت بىلەن ئالاقىلىشىش كۆۋرۈكىنى سالدى... بىر قاتار ئوقۇتۇش ئىسلاھات تەدبىرلىرى تېز ئۈنۈم بېرىپ، نەچچە يىل ئۆتمەيلا يېمەكلىك شۆيۈەنىنىڭ ئالاقىدار كەسپى تېزلىكتە «كوزىر كەسىپ»كە ئايلاندى.

بىر ئادەم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشتىن پۈتۈن ئائىلە بويىچە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشكىچە، ئۇ شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش يىلىنى ئۈزلۈكسىز ئۇزارتتى، ھەتتا خوتۇنى، قىزىمۇ شىخەنزىگە كېلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتى، شىنجاڭ ئۇلارنىڭ ئىككىنچى يۇرتىغا ئايلاندى. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىنكى تۇنجى قارار ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، تاۋ چيەن خۇددى ئۆز ئىسمىغا ئوخشاش كەمتەر، ئېھتىياتچان بولۇپ، ئۇنىڭدا كۈچلۈك مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش روھى بار. «مەن ئىنقىلابنىڭ بىر پارچە خىشى، ۋەتەن مېنى نەگە قويۇشقا ئېھتىياجلىق بولسا، مەن شۇ يەرگە بارىمەن» دېدى تاۋ چيەن.

2007 ـ يىلى، بو شياۋلىڭ نەنكەي داشۆسىدە ئوقۇتقۇچى بولۇش پۇرسىتىدىن ۋاز كېچىپ، ئېرىگە ئەگىشىپ شىخەنزە داشۆسىگە كەلدى. ئۇلار بىلەن ئوخشاش تاللىغانلاردىن يەنە يۇقىرى ئوقۇش تارىخىغا ئىگە 12 ئىختىساسلىق خادىم بار ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېس قىلىشىچە، بۇ جاينىڭ مۇھىتى گۈزەل، پەن تەتقىقات كەيپىياتى قويۇق، تېخىمۇ مۇھىمى چەكسىز كىشىلىك ھايات سەھنىسىگە ئىگە ئىدى.

ئەجدادلار ئىلگىرى ماڭغان يولغا قەدەم قويۇپ، بۇ يىل 9 ـ ئايدا، يېڭى بىر تۈركۈم شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئوقۇتقۇچىلار يەنە شىخەنزە داشۆسىگە كېلىدۇ.

شىخەنزە داشۆسى پارتكومىنىڭ شۇجىسى شيا ۋېنبىن مۇنداق دېدى: بايلىق كەمچىل، ئىختىساسلىقلارنى كىرگۈزۈش تەس، پەن تەتقىقات ئىقتىدارى ئاجىز بولۇش ئىزچىل غەربىي قىسىمدىكى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ تەرەققىياتىنى چەكلەۋاتقان بوغما ھالەت، شىنجاڭغا مائارىپ ئارقىلىق نىشانلىق ياردەم بېرىش ئوتتۇرا قىسىم بىلەن غەربىي قىسىمنىڭ مائارىپ تەرەققىياتىدىكى پەرقنى ئازايتىشتىكى ئەڭ ياخشى ۋاستە.

### ■ پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىككە ياردەم بېرىش جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىپ چېگرا رايوننى بېيىتىش

1960 ـ يىلى، 26 ياشلىق ۋاڭ رۇڭدۇڭ جياڭنەن داشۆسىنىڭ يېزا ئىگىلىك كەسپىنى پۈتكۈزۈپ، تيانشاننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى شىخەنزىگە كېلىپ، مىڭلىغان ـ ئونمىڭلىغان جۇشقۇن بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈش پەن ـ تېخنىكا خادىملىرى بىلەن بىرلىكتە، تيانشاننىڭ جەنۇب، شىمالىدىكى مىليونلىغان بوز يەر ئۆزلەشتۈرگۈچىلەر پولات قوشۇنىغا قوشۇلۇپ كەتتى.

«پۈتۈن مەملىكەت ئىنتايىن قىيىنچىلىقتا ئۆتۈۋاتىدۇ، تاماق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش باش ۋەزىپە، قانداق قىلغاندا زىرائەتلەردىن يۇقىرى ھوسۇل ئالغىلى بولىدۇ، بىز شۇنى تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك» دېدى ۋاڭ رۇڭدۇڭ. شىخەنزىگە دەسلەپ كەلگەندە، ئۇ تيانشان ئېتىكىدىكى گۈزەل مەنزىرىلەردىن ھوزۇرلىنىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئىشتاننىڭ پۇشقىقىنى تۈرۈپ پاشا ـ كۇمۇتقا تولغان ئېتىزلىققا كىرىپ، نەچچە ئون يىللىق بۇغداي سورتى يېتىشتۈرۈش تەتقىقاتىنى باشلىدى. بۈگۈنكى كۈندە، گوۋۇيۈەننىڭ ئالاھىدە تەمىناتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقان ۋاڭ رۇڭدۇڭ كەسپىي ساھەدىكى داڭلىق بۇغداي سورتى يېتىشتۈرۈش مۇتەخەسسىسى بولۇپ قالدى.

ئەتىگەندىن كەچكىچە دېھقانلار ۋە توپا بىلەن ھەپىلىشىپ، ۋاڭ رۇڭدۇڭ سېپى ئۆزىدىن دېھقانغا ئايلاندى. ئۇ بۇغدايلىقتا چوڭقۇر چۆكۈپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا يېتەكچىلىك قىلدى، پەن تەتقىقات نەتىجىسى كۆپلىگەن رايونلاردا بۇغدايدىن مول ھوسۇل ئېلىشقا تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلار تەرىپىدىن «دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى پىروفېسسور» دەپ ئاتالدى.

ئۈزۈم مايىسىنى پىروبىركىدا يېتىشتۈرۈش، كۆممقوناق كىراخمالى يېپىشقاق ماددىسى، كېۋەزنى يوپۇق يېپىپ پەرۋىش قىلىشنى كېڭەيتىش، جۇڭگو مېرىنوس قويى... يېقىنقى بىر قانچە يىلدا، شىخەنزە داشۆسى كۆپ تۈرلۈك پەن ـ تېخنىكىدا بۆسۈش ھاسىل قىلدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىدا قوللىنىلدى.

پەن ـ تېخنىكىنى تۆۋەنگە يەتكۈزۈش، دېھقانلارنى نەپكە ئېرىشتۈرۈش سانسىزلىغان پەن تەتقىقات خىزمەتچىسىنىڭ ئەسلىي مەقسىتى. شىخەنزە داشۆسى «تۆۋەنگە چۈشەلەيدىغان، تۇرۇپ قالالايدىغان، ياخشى ئىشلىيەلەيدىغان» تۈركۈم ـ تۈركۈم ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈردى، يېقىنقى ئون يىلدىن بۇيان، ھەر يىلى ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنىڭ شىنجاڭدا قېلىش نىسبىتى 64%كە يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئىچكىرى جايلاردىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ شىنجاڭدا قېلىش نىسبىتى 60%كە يېقىنلاشتى، ئوقۇش پۈتكۈزۈپ جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ئاساسىي قاتلىمىدا يىلتىز تارتقانلار 50%تىن ئاشتى... ئۇلار ھازىر شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىكى مۇھىم كۈچكە ئايلانماقتا. **(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**




# شۆ جيەنچياڭ: جەڭگاھتا قىلىچ ئوينىتىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نەنجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر چيۇ بىڭچىڭ)** جياڭسۇنىڭ شىمالى، خۇەيخې دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىغا جايلاشقان ليەنشۈينىڭ ناھىيە بولۇپ قۇرۇلۇش تارىخىغا 2100 يىلدىن ئاشقان. كونا ئىنقىلابىي رايون، قىزىل ئىسسىق تۇپراق بولۇش سۈپىتى بىلەن ليەنشۈيدە، ئۇرۇش ئوتى يالقۇنجىغان ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىن تارتىپ قايناق ھېسسىيات ئۇرغۇپ تۇرغان قۇرۇلۇش يىللىرىغىچە، يەنە قاينام ـ تاشقىنلىققا تولغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش مەزگىلىگىچە، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 3286 ليەنشۈي ئوغۇل ـ قىزى تاجاۋۇزچىلارغا قارشى تۇرۇش، ليەنشۈينى ئازاد قىلىش، خەلقنىڭ تىنچلىقى ـ خاتىرجەملىكى ئۈچۈن قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلدى. شۆ جيەنچياڭ دەل شۇلارنىڭ بىرى.

شۆ جيەنچياڭنىڭ ئەسلي ئىسمى شۆ گۈيشەن بولۇپ، 1922 ـ يىلى ليەنشۈي ناھىيەسىنىڭ فاڭدۇ يېزىسى سەنۋەن كەنتىدە تۇغۇلغان. 1937 ـ يىلى كۈزدە، شۆ جيەنچياڭ ئەلا نەتىجە بىلەن ئۆلكىلىك شىخۇ يېزا سىفەن مەكتىپىگە ئۆتكەن. شۇ چاغدا پۈتۈن مىللەتنىڭ ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى پارتلىغاچقا، مەكتەپتىكى ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ غەزەپ ـ نەپرىتى قايناپ تاشقان. شۆ جيەنچياڭ مەكتەپ ژۇرنىلىدا «مەن جۇڭگولۇق، ۋەتەننىڭ ئىشلىرىغا ئۆزۈمنى بېغىشلىشىم كېرەك» دېگەن تېمىدا ماقالە ئېلان قىلىپ، ۋەتەنگە ئۆزىنى بېغىشلاشتەك ئۇلۇغۋار ئىرادىسىنى ئىزھار قىلغان ھەم ئىسمىنى «جيەنچياڭ»غا ئۆزگەرتكەن، بۇ، جەڭگاھتا قىلىچ ئوينىتىپ، تاجاۋۇزچىلىققا قارشى تۇرۇپ ۋەتەننى قۇدرەت تاپقۇزۇش، دېگەن مەنىدە.

1938 ـ يىلى باھاردا، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش ۋەزىيىتى جىددىي بولغاچقا، ئۆلكىلىك شىخۇ يېزا سىفەن مەكتىپى تارقىتىۋېتىلگەن، شۆ جيەنچياڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ گومىنداڭنىڭ چوڭ ئارقا سېپى شىئەنگە بېرىپ ئوقۇشتەك تەكلىپىنى رەت قىلىپ، يۇرتىدا ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى تۇرۇپ، ۋەتەننى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇشنى قارار قىلغان. شۆ جيەنچياڭ جوۋ جۇرۇ قاتارلىق كوممۇنىستلارنىڭ تەسىرىدە ليەنشۈي ناھىيەسىدىكى پارتىزانلار چوڭ ئەترىتىگە قاتناشقان ھەم 1941 ـ يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىگە كىرگەن. 1943 ـ يىلى، يېڭى 4 ـ ئارمىيەنىڭ خۇەيخەي ھەربىي شۆبە رايونى(3 ـ شى 10 ـ لۈسى قوشۇمچە)نىڭ 4 ـ تارماق ئەترىتى قۇرۇلغاندا، شۆ جيەنچياڭ 10 ـ تۈەن 1 ـ ليەنىنىڭ جىداۋيۈەنى بولغان. 1944 ـ يىلى 4 ـ ئايدىكى گاۋياڭ جېڭىدە، شۆ جيەنچياڭ قىسمىنى باشلاپ شىئەن بازىرىغا ياردەمگە ماڭغان ياپون ئارمىيەسىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، دۈشمەننىڭ كۆپ قېتىملىق ھۇجۇمىنى چېكىندۈرگەن، ئۇ باشلامچىلىق بىلەن مىلتىقنى ئېلىپ دۈشمەن بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىپ، گاۋگوۋ جېڭىنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان.

1945 ـ يىلىنىڭ بېشىدا، شۆ جيەنچياڭ 10 ـ لۈنىڭ سىياسىي بۆلۈمىگە يۆتكەلگەن، شۇ يىلى 9 ـ ئايدا خۇەيىيىنى ئازاد قىلىش جېڭىگە قاتناشقان. شۇنىڭدىن كېيىن، شۆ جيەنچياڭ قىسمىغا ئەگىشىپ شەرقىي شىمالغا يۈرۈش قىلىپ، ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سىپىڭنى قوغداش ئۇرۇشى، چاڭچۇن توسۇپ زەربە بېرىش ئۇرۇشى قاتارلىق ئۇرۇشلارغا قاتناشقان. كاۋشەنتۇن جېڭىدە، ئۇنىڭ پۇتىغا ئوق تەگكەن بولسىمۇ، يەنىلا ئالدىنقى سەپتە چىڭ تۇرۇپ، ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگىچە بەرداشلىق بەرگەن. 1948 ـ يىلى باھاردا، شۆ جيەنچياڭ يارىسى ساقايغاندىن كېيىن ئالدىنقى سەپكە قايتىپ، 5 ـ شى 14 ـ تۈەنىنىڭ تۈەنجاڭلىقىغا تەيىنلەنگەن.

1948 ـ يىلى 9 ـ ئايدا، 14 ـ تۈەنىنىڭ يىشيەن ناھىيەسىگە ھۇجۇم قىلغاندىكى زەمبىرەك ئاۋازى لياۋنىڭ ـ شېنياڭ ئۇرۇشىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان. ئۇرۇشتىن كېيىن، شۆ جيەنچياڭغا «باتۇرلۇق مېدالى» بېرىلگەن. 1949 ـ يىلى 1 ـ ئايدا بېيپىڭ ـ تيەنجىن ئۇرۇشىدا، شۆ جيەنچياڭ قىسمىنى باشلاپ خېپىڭ دەرۋازىسىدىن شەھەرگە ئالدىن بۆسۈپ كىرگەن. بېيپىڭ ـ تيەنجىن ئۇرۇشىدا غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، شۆ جيەنچاڭ جەنۇبقا يۈرۈش قىلىپ، خۇنەندىن ئۇرۇش قىلىپ گۇاڭشىغىچە بارغان.

1950 ـ يىلى يازدا، 116 ـ شىنىڭ سەنمۇجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلگەن شۆ جيەنچياڭ قىسمىنى باشلاپ خېنەندىن لياۋنىڭ خېيچېڭغا يۆتكىلىپ تۇرغان. ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىش ئۇرۇشى پارتلىغاندىن كېيىن، شۆ جيەنچياڭ قىسمىنى باشلاپ 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ قېتىملىق ئۇرۇشقا قاتناشقان.

1951 ـ يىلى 1 ـ ئايدا، 347 ـ تۈەنىنىڭ 1 ـ يىڭى فۇگۇلىغا ھۇجۇم قىلغان. كەسكىن جەڭدە، شۆ جيەنچياڭ باشتىن ـ ئاخىر بىرىنچى سەپتە قوماندانلىق قىلىشتا چىڭ تۇرغان. 1951 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، شۆ جيەنچياڭ دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوقلىرىغا پىسەنت قىلماي، ئىستىھكامنىڭ ئالدىغا بېرىپ دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، گۇگۇم چۈشكەندە قىسمىنى تەشكىللەپ زەربە بېرىشكە تەييارلىق قىلغان. ئۇ دەل بىر توپ دەرەخ ئاستىدا دۇربۇن بىلەن دۈشمەن ئەھۋالىنى كۆزىتىۋاتقاندا، دۈشمەننىڭ زەمبىرەك ئوقى پارتلاپ، بىر زەمبىرەك ئوق پارچىسى ئۇنىڭ چېكىسىگە تەگكەن. ئەمدىلا 29 ياشقا كىرگەن شۆ جيەنچياڭ قۇربان بولغان.

چاۋشيەن دېموكراتىك خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىنقىلابىي قۇربانىنىڭ تۆھپىسىنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، ئالايىتەن فۇگۇلى تېغىنىڭ نامىنى جيەنچياڭ چوققىسىغا ئۆزگەرتكەن.

««ھايات ۋە ئۆلگەن ئادەم ئەلۋەتتە ئىككى خىل بولىدۇ. ھېچكىم ئۆلۈشنى خالىمايدۇ، ھەركىم ياشاشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ھالبۇكى شان ـ شەرەپ بەزىدە بۇ قانۇنىيەتنى ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ. شان ـ شەرەپ كىشىنى باتۇرلۇق بىلەن ئۆلۈمگە يېقىنلاشتۇرىدۇ، شان ـ شەرەپ ئۈچۈن مەردانىلىق بىلەن ئۆلۈپ كەتكەندە بولسا، بۇ ئارقىلىق ئۇچرىغان ئازابقا تەسەللى بەرگىلى بولىدۇ.» بۇ شۆ جيەنچياڭنىڭ چاۋشيەن ئۇرۇش مەيدانىدا كۈندىلىك خاتىرىسىگە يازغان سۆزلىرى ئىدى.» ليەنشۈي ناھىيەلىك پارتىيە تارىخى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ جىخۇا مۇنداق دېدى: شۆ جيەنچياڭ بىر يۈكسەك غايىگە ئىگە، نۇرغۇن جەڭلەرنى باشتىن كەچۈرگەن قوماندان، ئۇ ئېيتقان شان ـ شەرەپ شەخسنىڭ ئىنتىلىشى بىلەن غايىسى، تېخىمۇ مۇھىمى ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ۋە خەلق ئارمىيەسىگە بولغان ساداقەت.

ۋاڭ جىخۇا مۇنداق دېدى: شۆ جيەنچياڭ قۇربان بېرىشتىن قورقماسلىق روھى بىلەن «قەھرىمان» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بەردى. «تىنچلىق يىللىرى ئوخشاشلا قەھرىمانلىق ھېسسىياتىغا موھتاج. قەھرىمانلار مىللەتنىڭ مەشئىلى، روھنىڭ كوردىناتى، ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئائىلە دۆلەتكە بولغان مۇھەببىتىنى ھازىرقى زامان ياشلىرىنىڭ ئىنتىلىشىغا ئايلاندۇرۇپ، مەردانىلىك بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان مەنىۋى كۈچنى مۇجەسسەملەپ، ئاڭلىق ھالدا سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك».

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)